# قەلبتىن قەلبكە يول



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشىنىڭ

50 يىللىقىغا بېغىشلانغان سوۋغات

# قەلبتىن قەلبكە يول


باش تۈزگۈچى: پەرھات يۈسۈپ

مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: گۈلباھار غوپۇر

تۈزگۈچىلەر: ئەسقەر تۇرسۇن، زۇمرەت ياسىن



مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ

**责任编辑：** 美力克
**责任校对：** 胡达拜尔的

**图书在版编目(CIP)数据**

广播在我心中/帕尔哈提·玉素甫编. 一北京：民族出版社，2006.11

ISBN 7-105-08053-1

Ⅰ.广... Ⅱ.帕... Ⅲ.文学 一作品综合集一中国一当代一维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I217.1

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 142592 号

---

出版发行：民族出版社　　http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2006 年 12 月第 1 版　2006 年 12 月北京第 1 次印刷
开　　本：850 毫米×1168 毫米
印　　张：10.375
印　　数：0001-1500 册
定　　价：20.00 元

مەسئۇل مۇھەررىر : مەلىكە ئابدۇقادىر
مەسئۇل كوررېكتور : خۇدابەردى خېلىل

# قەلبتىن قەلبكە يول

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013، تېلېفون نومۇرى : 6429086 - 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2006-يىل 12- ئايدا 1- قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2006-يىل 12- ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م· 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 10.375
سانى : 0001 - 1500
باھاسى : 20.00 يۈەن



ئالدىنقى رەت ئوڭدىن :1.پەرھات يۇسۇپ 2.ئايزىم ۋاسىل 3.دىلدار مۇھەممەترېھىم 4.قۇربانىسا جاپپار 5.ئامانگۈل ھەبىبۇللا 6.گۈلباھار غوپۇر 7.ئايشەم ھوشۇر 8.گۈزەلنۇر روزى 9.پاتىگۈل مۇھەممەت 10.ئابدۇللا موللا ئارقا رەت ئوڭدىن :1.ئىمىنجان ئىسمايىل 2.مەمەتجان ئابدۇللا 3.ئابدۇۋسۇل ئابدۇرېھىم 4.ئىلھام مامۇت 5.ئىسلام مەخسۇت 6.ئابدۇقادىر ھاشىم 7.بەختىيار تۇردى 8.ئەسقەر تۇرسۇن 9.ئادىل ئابلەت

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

# تۈزگۈچىدىن

2006-يىلى 12-ئاينىڭ 10-كۈنى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشى باشلانغانلىقىنىڭ 50 يىللىق خاتىرە كۈنى. بىز بۇ كۈننى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن 7-ئايدىن باشلاپ «مەن ۋە رادىئو» تېمىسىدا مۇكاپاتلىق ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، سادىق ئاڭلىغۇچىلىرىمىزدىن 700 پارچىغا يېقىن ھەر خىل ژانىردىكى ماقالە-ئەسەر تاپشۇرۇپ ئالدۇق. بۇ ماقالىلاردا مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشىنىڭ 50 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىدا قولغا كەلتۈرگەن شانلىق نەتىجىلىرى شۇنداقلا رادىئونىڭ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش، ئۆگىنىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرى، رادىئو ئاڭلىغۇچىلىرىمىزنىڭ پروگراممىلىرىمىزغا ۋە دىكتور-رىياسەتچىلىرىمىزگە بەرگەن ئىجابىي تەكلىپ-پىكىرلىرى سەممىي ئىپادە قىلىنغان. بۇلار ئىچىدە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان يازغۇچى-شائىرلار، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار، زىيالىيلاردىن باشقا، قولىغا يېزىقچىلىق ئۈچۈن تۇنجى قېتىم قەلەم ئالغان دېھقان-چارۋىچىلار، كان-كارخانىلاردىكى ئىشچىلار بار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چىن ھېسسىياتىنى ماقالىسىغا سىڭدۈرگەن. بىز ھەر بىر پارچە ماقالىنى ئوقۇغىنىمىزدا خىزمىتىمىزنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ تونۇپ يەتتۇق. شۇ ماقالىلارنى كۆرۈش جەريانىدا تالاي قېتىم ئىچ-ئىچىمىزدىن خۇشال بولۇپ، تەسىرلەنگىنىمىزدىن خۇشاللىق

ياشلىرىمىز تۆكۈلگەن چاغلارمۇ بولدى، ئۆز خىزمىتىمىزدىن پەخىرلەنگەن ھالدا بۇنىڭدىن كېيىن تىرىشىپ ئىشلەپ، رادىئو ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش ئىرادىمىز تېخىمۇ چىڭىدى، خىزمىتىمىزگە ئادىل باھا بەرگەن رادىئو ئاڭلىغۇچىلاردىن چوڭقۇر مەمنۇن بولدۇق. بۇ قېتىمقى پائالىيەت ئارقىلىق رادىئو ئاڭلىغۇچىلىرىمىز بىزنىڭ 50 يىللىق خىزمىتىمىزنىڭ مول مېۋىلىرىنى ئۆزىنىڭ قەلىمى ۋە كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ناھايىتى ياخشى خۇلاسىلاپ بەردى، بۇ بىز ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ قالدى. بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ قېتىمقى پائالىيىتىمىزگە ئاكتىپ قاتناشقان بارلىق رادىئو ئاڭلىغۇچىلىرىمىزغا چىن دىلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز ھەم ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن بىزنى يەنە داۋاملىق قوللاپ، مىللىتىمىزنىڭ رادىئو ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز تاپشۇرۇۋالغان 700 پارچىغا يېقىن ماقالە-ئەسەر ئىچىدىن 70 پارچىنى تاللاپ رادىئو ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىگە سۇنغان ئىدۇق، ئەمدى يەنە ئاڭلىتىلغان ماقالىلار ئىچىدىن 41 پارچە ماقالىنى تاللاپ نەشرگە تەييارلىدۇق.

ئوقۇرمەنلەرنى رادىئو خىزمىتى توغرىسىدا مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش، رادىئو خىزمەتچىلىرىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش جەريانىدا تارتقان قىيىنچىلىقلىرى ۋە بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىدىن بىۋاستە خەۋەردار قىلىش مەقسىتىدە، بۇ كىتابقا بۆلۈمىمىزدىكى قىسمەن يولداشلارنىڭ ماقالىلىرىنىمۇ كىرگۈزدۇق.

بۇ ماقالىلارنى تەييارلاشقا بۆلۈمىمىزدىن قۇربانىسا جاپپار، دىلدار مۇھەممەترېھىم، ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم، ئابدۇللا موللا، مۇھەممەتجان ئابدۇللا ئالاھىدە كۈچ چىقاردى.

# مۇندەرىجە


مەن باسقان ئىزلار.................. ئايشەم ھوشۇر 1

مەن بىر رادىئو قىزى.......... دىلدار مۇھەممەتربھىم 58

بالىلىقتا بىخلانغان كەسىپ......... پاتىگۈل مۇھەممەت 70

دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەۋاتقان مەركەز رادىئوسى........

.............................. مىجىت ناسىر 74

ئارمانلىق ئەسلىمە........... مۇھەممەتجان راشىدىن 87

مەن ۋە رادىئو.............. ياسىنجان سادىق چوغلان 101

رادىئو ئىشقى .................. كەنجى خۇمارجان 107

ھاياتىمنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى رادىئو......... مەھمۇد زەيدى 118

رادىئو بىلەن ئۆتكەن مەنىلىك ھايات ......... ئابلىكىم تۇرسۇن 130

رادىئودىن ئېرىشكەنلىرىم.......... ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروران 137

رادىئونىڭ سېھرىي كۈچى ......... ياسىن روزى كۈرەش 144

رادىئو مېنىڭ خالىس مۇئەللىمىم.......... گۈلباھار ئوسمان 149

كۆڭلۈمنى يورۇتقۇچى رادىئو.......... مىجىت قارى مەمتىمىن 157

رادىئو ماڭا شان ـ شەرەپ ئېلىپ كەلدى.......... تاھىر ھىمىت 161

رادىئو بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر........... ھاكىمجان ئۆمەر 166

ھاياتىمغا تەسىر كۆرسەتكەن بىر قىتىملىق رادىئو

پروگراممىسى................... مەمەت كېرىم 173

رادىئو بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈم............ ئوسمانجان ئىسمايىل 178

سىرداش ھەمرىيىم رادىئو.............. رىسالەت قادىر 187

رادىئو مېنىڭ دىلكىشىم.......... ئىدرىس قۇربانىنىياز 194

مەن ۋە رادىئو................ پاتىگۈل توختى 199

مەن ۋە رادىئو............. ئوسمانجان ئىبراھىم 203

رادىئو مېنىڭ سىرداشىم.......... تۇرسۇنمۇھەممەت ھۇسەيىن 206
مەن رادىئو ئاشىقى.............. ئۆمەرجان مۇھەممىدى 212
تېپىلغۇسىز ھەمراھ.............. ئابابەكرى ئەيسا 220
دادامدىن تۇتاشقان رادىئو ئىشقى........... ئابلىمىت ئەبەيدۇللا 224
رادىئو مېنىڭ غايىۋى دوستۇم.......... خەلچەم غازى 231
رادىئو مېنىڭ ئوقۇتقۇچۇم......... مۇھەممەت ئابدۇللا 236
مەن رادىئوغا كۆڭۈل قاپتىمەن........... مېھرىگۇل ئابلىز 241
ئانا روھى مەڭگۈ ياشىنىسۇن.......... ئەنۋەرجان سادىق كۆكنۇر 245
مەن ۋە رادىئو.............. ياسىنجان ئوسمان 255
مەڭگۈلۈك يېقىن ھەمراھىم رادىئو......... يۇسۇپجان سىدىق 261
رادىئو مېنىڭ كۆز نۇرۇم.............. تاھىر ئايۇپ 267
مەن ۋە رادىئو.................. سۇلايمان قادىر 273
دولقۇنغا باغلانغان رىشتە.......... روزىمۇھەممەت تۇردى قەدرى 279
مەن قانداق قىلىپ مۇخبىر بولالىدىم..............
.................. ئەبەيدۇللا مۇھەممەتنىياز 285
21 يىللىق ئاخباراتچىلىق ھاياتىمدىن خاتىرە.........
.......................... ئابدۇكېرىم قادىر 288
سالام ئانا رادىئو، قىرانلىقىڭغا.............. تۇرغۇن ئەھەد 295
رادىئو مېنىڭ ئەڭ ياخشى ئىلھامچىم ھەم مەدەتكارىم......
..................... ئۇبۇلقاسىم مەتنىياز 299
ئىبھتىرام گۇلدەستىسى............ ئابلىمىت ئابلەت 310
ئەللىك يىللىق ئەجرىڭگە ئەللىك قۇچاق گۇل ئازدۇر.......
...................... مۇھەممەتجان راشىدىن 317
ئەللىك يىلىڭ مۇبارەك.............. تۇرسۇن نىياز 319
قۇتلۇق بولسۇن ئەللىك يېشىڭغا......... ئابدۇلئەھەد ئىسمايىل 322
ئەللىك يىل سايرىغان بۇلبۇل........... ئابدۇقادىر ھەسەن خالىس 324
دىلدار سادالار................ تاھىر تالىپ 325

# مەن باسقان ئىزلار

## ئايشەم هوشۇر

مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشى بىسىپ ئۆتكەن تارىخنى ئەسلىگىنىمدە بېيجىڭدا رادىئو خىزمىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن 36 يىللىق هاياتىم كۆز ئالدىمدا بىرمۇبىر گەۋدىلىنىدۇ...

## دىكتورلۇققا تاللىنىش

مەن 1950 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان ئىكەنمەن. مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىن تارتىپ تاكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكىچە، ھەتتا بېيجىڭغا كەلگىچىمۇ دادام بىلەن ئاپام ھەر ئىككىلىسىلا خىزمەت قىلغاچقا، ئۆيدە مەن بالىلارنىڭ چوڭى بولغانلىقىم ئۈچۈن ئاتا ـ ئانامغا ھەمكارلىشىپ ئۇكىلىرىمنى بېقىشقا ۋە ئائىلە ئىشلىرىغا قارىشىشقا كىرىشىپ كەتكەن ئىدىم. مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى قىزىقارلىق گەپلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا، «تىرىشىپ ياخشى ئوقۇسامىلا، بىر يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىپ، ياخشى كۈنگە ئېرىشىمەن» دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا ئوقۇتقۇچىلىرىم چوڭ بولغاندا نېمە بولىسىز؟ دەپ سورىسا،

ئالىم، دوختۇر بولىمەن، ھەتتا تېخى كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىدىغان ئۇچقۇچى بولىمەن، دەپ جاۋاب بەرگەنلىرىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. مەن گۆدەك قەلبىمدە بىخلانغان مۇشۇنداق يۈكسەك ئارمانلار بىلەن مەكتەپ قوينىدا ئىزچىل ياخشى ئوقۇغان ئىدىم.

مەن 1966-يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، يەنى ھازىرقى 14-ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ، ئۆزۈمنىڭ كىچىككىمدىن تارتىپ كۆڭلۈمگە پۈككەن دوختۇر بولۇش ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ تەبىئىي پەن ئىمتىھانىغا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتاتتىم. 1966-يىلى 6-ئايدا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلىنىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنى مۇدھىش قارا تۇمان بېسىپ كەتتى. ئالىي مەكتەپلەردە پۈتۈنلەي دەرس توختاپ، ئوقۇغۇچىلار ئىنقىلابقا ئاتلىنىپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنى، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ قاچان ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ مۆلچەرلىيەلمەيتتى. مۇشۇنداق كۈتۈپ تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. 1970-يىلى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى پۈتۈن شىنجاڭدىن دىكتور تاللاشقا كەلگەندە، مەكتىپىمىزنىڭ مېنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ بېرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئاۋاز، تىل تەلەپپۇزى ۋە نۇتۇق قابىلىيىتى قاتارلىق بىر مۇنچە ئىمتىھانلىرىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، بېيجىڭدىكى رەھبەرلەر ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تاللاپ بېكىتىشى بىلەن 8-مايدا مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مىللەتلەر بۆلۈمىگە قوبۇل قىلىنغانلىقىم ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ دەل پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ «زىيالىي ياشلار يېزىلارغا بېرىپ، كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى قوبۇل



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

قىلىشى كېرەك» دېگەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن يېزىلارغا مېڭىشقاتقان. ئۆرۈمچىدىمۇ خەلق مەيدانى ۋە خەلق تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانلاردا ياشلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ يېزىلارغا ئۇزىتىلىۋاتقان مەزگىل ئىدى. مېنىڭ يېزىغىمۇ بارماي، ھەتتا ئۆرۈمچىدىمۇ قالماي، پايتەختىمىز بېيجىڭغا بارىدىغانلىقىم ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇرغانىدى. مەنمۇ ئۆزۈمنى ئالاھىدە بەختلىك ھېس قىلغانىدىم. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا بىر ئايدىن كۆپرەك ئەمەلىي مەشىق قىلغاندىن كېيىن، 1970 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۇيغۇر ۋە قازاق تىل گۇرۇپپىلىرىغا قوبۇل قىلىنغان بىر نەچچە خىزمەتدىشىم بىلەن بىللە بېيجىڭغا كېلىپ، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىغا تۇنجى بولۇپ قەدەم باستىم. باشقا تىللاردىكى ئاڭلىتىشقا قوبۇل قىلىنغانلار بىزدىن كېيىن بىر ـ بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ مېنىڭ 20 ياش چاغلىرىم ئىدى.

## ئۇيغۇر رادىئوسى

مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشى 1956 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى باشلانغانىدى، ئەمما 1960 ـ يىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەزگىلى باشلىنىپ، مەركەزنىڭ «سەپلەرنى قىسقارتىپ، ئورگانلارنى ئىخچاملاش، كادىرلارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، ئاساسىي قاتلاملارنى كۈچەيتىش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھى بويىچە 1960 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى زاڭزۇ، موڭغۇل، جۇاڭزۇ ۋە چاۋشيەن تىللىرىدا

بىرلىۋاتقان ئاڭلىتىشلار بىلەن بىرگە ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشمۇ توختىتىپ قويۇلدى. 1962 ـ يىلى 7 ـ ئايدا چىڭداۋدا ئېچىلغان مىللىي خىزمەت يىغىنىدا ئۇلەنفۇ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق رەھبەرلەر مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىدىكى ئاڭلىتىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇ چاغدا جۇ ئېنلەي زۇڭلى يىغىندا رادىئو ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى ئاڭلىتىشىنى توختىتىپ قويغانلىقىنى تەنقىد قىلغان ھەمدە «دۆلىتىمىز زېمىنى شۇنچە كەڭ، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت تۇرسا، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىلمىسە قانداق بولىدۇ؟ نەچچە ئون ئادەمنى قىسقارتىۋېتىشنىلا ئويلىماي پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن، شۇنداقلا ئۇنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. تەييارلىق ئىشلىرى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا 1966 ـ يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلىنىپ كېتىپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان.

1970 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا موڭغۇل. زاڭزۇ، ئۇيغۇر، چاۋشيەن تىللىرىدىكى ئاڭلىتىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قازاقچە ئاڭلىتىشنى يېڭىدىن تەسىس قىلىش خىزمىتىگە قايتىدىن رەسمىي تۇتۇش قىلىنىپ، يىل ئاخىرىغىچە ھەر بىر تىل گۇرۇپپىسىغا سەككىز تەرجىمان، ئىككى ئەر دىكتور، ئىككى ئايال دىكتور يۆتكەپ كېلىش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىلىپ بولغان.

ھەر تەرەپلىمە پۇختا تەييارلىق كۆرۈلۈش ئارقىلىق 1971 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش رەسمىي ئەسلىگە كەلدى. قازاق تىلىدا شۇ كۈنى تۇنجى

قىتىم ئاڭلىتىش بېرىلدى. 1972 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى موڭغۇلچە ئاڭلىتىش، 1978 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چاۋشيەنچە ئاڭلىتىش، 1973 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى زاڭزۇچە ئاڭلىتىش رەسمىي ئەسلىگە كەلدى.

1971 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاڭلىتىش باشلانغاندىن تارتىپ، 1984 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ1 ـ كۈنىگىچە بىر سائەتلىك ئۇنىۋېرسال ئاڭلىتىش بېرىش، ئۇنى بىر قىتىم تەكرار ئاڭلىتىش؛ 1984 ـ يىل9 ـ ئاينىڭ1 ـ كۈنىدىن 1999 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە كۈنىگە يېرىم سائەتتىن ئىككى قىتىم ئاڭلىتىش بېرىش؛ ئۇنى ئىككى قىتىم تەكرار ئاڭلىتىش؛ 1999 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ چۈش ۋە كەچتە بىر سائەتتىن ئىككى قىتىم ئۇنىۋېرسال ئاڭلىتىش بېرىش، ئۇنى ئىككى قىتىم تەكرار ئاڭلىتىش؛ 1999 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر، موڭغۇل، زاڭزۇ، قازاق، چاۋشيەن مىللەتلىرىنى ئۆز تىلىدىكى رادىئونى ئاڭلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بېيجىڭ رايونىغا ئىككى سائەت تەكرار ئاڭلىتىش بېرىش يولغا قويۇلغانغا قەدەر، بىز ھەممە خەۋەرلەرنى، ھەتتا بىر قىسىم ئەدەبىي ئاڭلىتىشلارنىمۇ خەنزۇ تەھرىر بۆلۈمىنىڭ شىنخۇا ئاگېنتلىقى ۋە خەلق گېزىتىنىڭ ۋە ياكى خەنزۇچە «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر» پروگراممىسىنىڭ ماقالىلىرى ۋە باشقا پروگراممىلارنى تەھرىرلەپ تارقاتقان ماقالىلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئاڭلىتاتتۇق. 1999 ـ يىلى بىزنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىمىز ئۆزىنىڭ يېڭى باھارىنى كۈتۈۋالدى. مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەستىقلىغان ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىدىكى ئاڭلىتىشتا خەۋەرنى ئاساس قىلىش، مەخسۇس پروگراممىنى قوشۇمچە قىلىش، سەنئەتنى تولۇقلىما قىلىشتىن ئىبارەت ئىسلاھات لايىھىسى ئوتتۇرىغا

قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن بىز نوقۇل خەنزۇ تەھرىر بۆلۈمى تارقاتقان ماقالىلارنى تەرجىمە قىلىشقا تايىنىپ ئاڭلىتىش بېرىشتەك ھالەتتىن، ئۇزۇن يىللار ئىنتىزار بولغان ئۆزىمىزنىڭ مەخسۇس پروگراممىلىرىمىز بولۇش ئارزۇسىغا يەتتۇق. بۇ ئەلۋەتتە ئومۇمىيلىق بىلەن خاسلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، رادىئونىڭ قاراتمىلىقىنى كۈچەيتىش جەھەتتە تاشلانغان خۇشاللىنارلىق بىر قەدەم ئىدى.

50 يىلدىن بويان مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشى باشقا تىللاردىكى ئاڭلىتىشلارغا ئوخشاش يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش، توختىتىپ قويۇلۇش، ئەسلىگە كېلىش، ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىش ۋە بارغانسېرى تەرەققىي قىلىشتەك ئەگرى-توقاي جەريانىنى باشتىن كەچۈردى.

## دىكتورلۇق ئىشقى

مەن دىكتورلۇققا قوبۇل قىلىنىپ، گۈزەل ئارزۇ-ئىستەكلەر ۋە بەختىيارلىق ئىلكىدە بېيجىڭغا كەلگەن بولساممۇ، ئەمما دەسلەپتە مەندە رادىئو خىزمىتى ۋە دىكتورلۇق ھەققىدە ھېچقانداق چۈشەنچە بولمىغاچقا، ئۆمرۈم باشقىلارنىڭ يېزىپ بەرگەن تەييار نەرسىسىنى ئوقۇش بىلەن ئۆتەرمۇ؟ دەپ ئويلاپ، كەلگىنىمگە پۇشايمان قىلىپ قالدىم. بۇ خىزمەت بىلەن ھاياتىمدا قولغا چىققۇدەك بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدىغانلىقىمنى، ئۆزۈمنىڭ دوختۇر بولۇشتەك ئارزۇ-ئارمىنىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئەمدى مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئويلىسامىلا بىئارام بولاتتىم. بىز كېلىپ بىر مەزگىل ئانچە-مۇنچە ئېكسكۇرسىيە ۋە

بىيجىڭنى كۆرۈش بىلەن بولدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىنلا، رادىئو ۋە ئېلىمىزنىڭ رادىئو تارىخى، دىكتورلۇق خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى، ئەھمىيىتى، دىكتورلارنىڭ رولى ۋە رادىئو خىزمىتىدە تۇتقان ئورنى، دۆلەت رادىئو ئىستانسىسىنىڭ بىر لاياقەتلىك دىكتورى بولۇپ يېتىشىپ چىقىش، رادىئو خىزمىتىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر بولۇش قاتارلىقلار ھەققىدە چۈشەنچە ۋە تەربىيە بېرىلىشكە ھەمدە بىر قاتار قاتتىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇشقا باشلىدى. مەن كىچىكىمدىنلا تەلەپچان، ئەستايىدىل، مۇكەممەللىككە ئىنتىلىدىغان بىر ئادەم بولغاچقا، مەيلى دوختۇر بولاي، ياكى باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىناي، مۇشۇ ئىشنى سۆيۈپ ئىشلەپ مەلۇم بىر نەتىجە قازىنىشنى ئويلايتتىم. بۇ تەربىيە داۋامىدا گويا مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى سېزىۋالغاندەك قايسى كەسىپنى ئىشلىسە، شۇ كەسىپنى سۆيۈش ۋە قەدىرلەش ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەرمۇ ناھايىتى كۆپ تەكىتلىنىپ تۇردى. مىللەتلەر بۆلۈمى يەنە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ جۇڭگوغا داڭلىق شىيا چىڭ، لىن تيەن، تىيې چېڭ، فاڭ مىڭ، يا كۇن قاتارلىق دىكتورلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، دىكتورلۇق ھەققىدە دەرس ئۆيۈشتۈرۈپ بەردى. شۇ چاغدا دىكتورلاردىن بىر نەچچىمىز خەنزۇچىنى بىلمىگەچكە، بۇ دەرسلەرنى تەرجىمانلارنىڭ ياردىمىدە ئاڭلايتتۇق. 70 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 49 يىللىقى پەيتىدە تۇنجى قېتىم ئاڭلىتىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە بىز بىلەن بىللە بىيجىڭغا كەلگەن ئۇستازىمىز قۇربان ئېلىمۇ بىزگە ئۇيغۇر رادىئو تارىخى ۋە ئۇيغۇر رادىئو دىكتورلۇقى ھەققىدە بىر قانچە قېتىم دەرس سۆزلەپ بەردى ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى. مانا مۇشۇنداق بىر قاتار تەربىيە ۋە

تەلەپلەر، ئۆتۈلگەن بىر قانچە قېتىملىق دەرسلەردىن كېيىن مەن دىكتورلۇققا بىر ئاز قىزىقىپمۇ قالدىم. ئاتا-ئانام، ئۇرۇق-تۇغقان، دوستلىرىم، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەنمەن، دىكتورلۇقنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بېرىلىپ ئۆگىنىپ، بۇ خىزمەتنى بىر باشقا ئېلىپ چىقاي دېگەن نىيەتكە كەلدىم.

دىكتورلۇق تىل ماھارىتى بىلەن ئىشلىنىدىغان خىزمەت بولغاچقا، مەن خەۋەر ئاڭلىتىش ئېھتىياجىدىن چىقىش ئۇچۇن دەسلەپكى قەدەمدە ئىشنى ئاۋاز چىنىقتۇرۇش، تىل تەلەپپۇزىنى توغرىلاش، سۈرئەتنى كونترول قىلىش، تىنىقنى جايىدا ئىشلىتىش، تىل كۆندۈرۈش مەشىقى قىلىش ۋە ھەر خىل تىپتىكى رادىئو ماقالىلىرىنى ئوقۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشتىن باشلىدىم. يېڭى كەلگەندە بىزنىڭ ئايرىم ئىشخانىمىز يوق ئىدى. مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى سەنئەت بۆلۈمىنىڭ ئۇنئالغۇ لېنتىسى ساقلايدىغان ناھايىتى چوڭ ئىچكىرى-تاشقىرى ئىككى ئىسكىلاتى ئۇيغۇر، قازاق دىكتورلارنىڭ مەشىق قىلىدىغان جايىمىز ئىدى. بىز تۆت دىكتورغا مەشىق قىلىشىمىز ئۇچۇن ساندۇق شەكىللىك بىر ئۇنئالغۇ بېرىلگەنىدى. ئىدارىنىڭ ئىچىدە ماشىنىلارنى سۇۋۇتۇش ئۇچۇن ياسالغان، سۇ جۈمەكلىرى ئورنىتىلغان، ئەتراپى دەل-دەرەخلەر بىلەن ئورالغان گۈل-چىمەنلىك بىر كۆلچەك بار ئىدى. مەن ھەر كۈنى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا مۇشۇ كۆل بويىغا كېلىپ مەشىق قىلىشنى باشلايتتىم. كۆپىنچە ھاللاردا باشقا دىكتورلارنىڭ چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋە ئىشتىن چۈشكەن ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنئالغۇغا ئوقۇپ كۆپرەك مەشىق قىلىۋېلىش، ئوقۇغان ماقالىلىرىمنى كۆپرەك تىڭشاپ تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئۇچۇن بېيجىڭنىڭ شۇنداق دىمىق تومۇز ئايلىرىدىمۇ تاماقتا بېرىشقىمۇ كۆزۈم



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com